# ئىشقا ئورۇنلىشىش يولىغا قەدەم تاشلاندى يېڭى تۇرمۇش باشلاندى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كەنت ئاھالىلىرىنىڭ زۆرۈر ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتىنى ئىگىلىشىگە ياردەم بېرىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىشى، ئىشلەمچىلىك قىلىشىغا ياخشى ئاساس سالدى.

تىرىشىش ئارقىلىق، كەنتتە بىر قىسىم ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق ئىش ئورۇنلىرى بارلىققا كەلتۈرۈلدى، خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى ۋە كەنت كادىرلىرى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسىغا چۆمۈپ، كەنت ئاھالىلىرىنى بەس ـ بەستە تىزىمغا ئالدۇرىدۇ دەپ ئويلىدى. ئەمما، نەتىجە ئۇلارنى سەل ئۈمىدسىزلەندۈردى: ھەتتا نامرات ئاھالىلەرمۇ بېرىپ ئىشلەشنى خالىمىدى.

بىر قېتىملىق ئائىلە زىيارىتىدە، كەنت ئاھالىسى ئايتۇراخان مەتياسىننىڭ سۆزى خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرىغا چوڭقۇر تەسىر قىلدى.

ئايتۇراخاننىڭ يېشى چوڭ ئەمەس، دۆلەت ئورتاق تىل سەۋىيەسى يامان ئەمەس ئىدى، يەنە ئاساسىي كومپيۇتېر مەشغۇلاتىنىمۇ بىلەتتى، لېكىن ئۇ سىرتقا چىقىپ ئىشلەشنى خالىمايتتى، بۇ نېمە ئۈچۈن؟

«ئۆيدە تاماق ئېتىش، بالىلارغا قاراش مېنىڭ بارلىق تۇرمۇشۇم، سىرتقى دۇنيا بىلەن ئۇچرىشىپ باقمىغان، ئىشقا ئورۇنلاشسام قانداق ئەھۋالغا يولۇقۇشۇمنى بىلمەيمەن.» ئايتۇراخان مۇنداق دېدى: تونۇش تۇرمۇشقا كۆنۈپ قالغاچقا، تۇيۇقسىز سىرتقى دۇنياغا يۈزلەنسەك، بېسىم ھېس قىلىپ قالىدىكەنمىز.

ئايتۇراخاننىڭ سۆزى بېشى قېتىۋاتقان خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرىنى ئويغاتتى. كۆپچىلىك كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىدىيەسى، قارىشىنى ئۆزگەرتمىگەندە، ھەرقانچە ياخشى سىياسەت مەدەتلىرىنىڭمۇ بىھۇدە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى.

شۇنىڭ بىلەن، خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى ۋە كەنت كادىرلىرى بارلىق پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ كەنت ئاھالىلىرىگە يېڭى قاراش، يېڭى ئىدىيەنى تەشۋىق قىلدى، ئاددىيسى بىر مەيدان ئاشپەزلىك ماھارىتى مۇسابىقىسىنىمۇ قولدىن بەرمىدى.

كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىدىيەسى، قارىشىدا ئاز ـ ئازدىن ئۆزگىرىش بولدى، ئايتۇراخان تەدرىجىي غەيرەتكە كېلىپ، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىدىن بىر كىشىلىك ئىش تېپىپ ئىشلەپ، چىرايىدا ئىشەنچ كۈلكىسى پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

ھازىر، پۈتۈن كەنتتە ئىشقا ئورۇنلاشقانلار ئىككى يىل ئىلگىرىكى 300دىن كۆپرەك كىشىدىن 1000دىن كۆپرەك كىشىگە كۆپىيىپ، ئەمگەك كۈچى بار ئائىلىلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن تولۇق قاپلاش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

### ئىشقا ئورۇنلىشىش تۇرمۇشنى ئۆزگەرتتى

«مەن ھازىر لەغمەن ۋە پولۇ ئېتىشنى بىلىپلا قالماي، يەنە جىياۋزى تۈگۈش، بولكا پىشۇرۇشنىمۇ بىلىمەن، ئۆي قورۇملىرىغىمۇ خېلى ئۇستا.» ماخمال كەنتىدىكى كەنت ئاھالىسى بۇسەنەم مەمەتئىمىن مۇنداق دېدى: ئاشپەزلىك خىزمىتى مېنى مۇقىم كىرىمگە، مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە قىلدى.

بۇسەنەمنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە، يېڭىدىن كېڭەيتىپ ياسالغان ھويلا گۈللۈكىدىكى يېشىللىق كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى، بۇ رەتلىك، پاكىز ھويلىغا ئىللىقلىق بېغىشلىغانىدى. «ئىلگىرى توپا ـ چاڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان ھويلىدىن ئەسەر قالمىدى، ئىلگىرىكى جاپالىق كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كەتتى، بۇ يىل چوقۇم نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كېتىمىز» دېدى بۇسەنەم خۇشال ھالدا.

بۇ ئىككى يىلدا، خىزمەت ئەترىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ماخمال كەنتى ھويلا ـ ئارانلارنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى يولغا قويۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنى ھويلىلىرىنى تۈزەش، ئوڭشاشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، تۇرالغۇ مۇھىتىنى ياخشىلاپ، زامانىۋى، ساغلام تۇرمۇش شەكلىنى ئومۇملاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھويلىدىكى بوش يەرلەردىن پايدىلىنىپ ھويلا ـ ئاران تېرىقچىلىقى، باقمىچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىم ئاشۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتتى.

ئىشقا ئورۇنلاشقان ئىشلەمچىلەرنىڭ ئائىلە يۈكىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، ماخمال كەنتى مەخسۇس يەسلى، ياشانغانلارنى كۈتۈش ئورنى قۇرۇپ، ئۆيدە قالغان بالىلار ۋە ياشانغانلارنى زۆرۈر بېقىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى. ھازىر، كەنتتىكى 30 نەچچە ئائىلە يەسلى، ياشانغانلارنى كۈتۈش ئورنىنىڭ بېقىش مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن بولۇپ، ياشانغانلار كۈتۈنەلەيدىغان، بالىلار بېقىلىدىغان بولۇپ، ماخمال كەنتىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ بەختلىك بولدى.

«ھازىر نۇرغۇن كەنت ئاھالىسى ھويلىسىدا كۆكتات تېرىپ، كىرىمنى ئاشۇرۇپلا قالماي، تېخىمۇ ساغلام كۆكتات يېيەلەيدىغان بولدى.» دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى چەكلىك شىركىتىدىن ماخمال كەنتىدە تۇرۇشلۇق 1 ـ شۇجى يەن جيەنپىڭ مۇنداق دېدى: ماخمال كەنتىدىكى تېخىمۇ كۆپ كەنت ئاھالىسى كىرىمنى ئاشۇرۇش بىلەن بىللە، مەدەنىي، ساغلام تۇرمۇش شەكلىگە يېقىنلىشىپ، پۈتۈن كەنتتىكىلەرنىڭ روھىي قىياپىتى يېڭى تۈسكە كىردى.

### نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئىشەنچى تېخىمۇ ئاشتى

ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بىر كەنتنىڭ تەرەققىياتىغا نېمە ئېلىپ كېلىدۇ؟ بۇنىڭغا ماخمال كەنتىدىن ئېنىق جاۋاب تاپقىلى بولىدۇ.

بۇسەنەمنىڭ ئىشەنچ بىلەن ئېيتقان سۆزى كىشىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ، بۇ نۇقتا ئۇنىڭ ئاشپەزلىك ماھارىتىنىڭ ئاشقانلىقىدا ئىپادىلىنىپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى تۇرمۇش ھالىتىدىنمۇ ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

كىشى رازى بولىدىغان بىر كىشىلىك خىزمەت كىشىلەرنى تېخىمۇ يۇقىرى نىشانغا قاراپ كۆرەش قىلىشقا ئۈندەيدۇ. بۇ يىل 4 ـ ئايدا، كەنت ئاھالە كومىتېتىدا يېرىم يىلدىن كۆپرەك ئىشلىگەن ئايتۇراخان كەنت ئاھالە كومىتېتىدىن ئىستىپا سورىدى.

«مەن ئەڭ يىراق بولغاندا خوتەن شەھىرىگە بارغان، ياش ۋاقتىمدا تېخىمۇ يىراق جايلارغا بېرىپ كۆرۈپ باققۇم بار.» ئايتۇراخان مۇنداق دېدى: ئىلگىرى ئائىلىمىز نامرات بولغاچقا، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، داشۆدە ئوقۇشقا پۇرسەت بولمىغان، ئەمدى ھازىرقىدەك ياخشى ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇھىتى بار بولغاندا، تېخىمۇ كەڭ دۇنيانى كۆرۈپ، كىشىلىك ھاياتىمغا تېخىمۇ كۆپ مەنە قوشۇشنى ئويلايمەن.

بۇ يىل، دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى چەكلىك شىركىتى چىرا ناھىيەسىدىكى نامرات ئاھالىلەر ئۈچۈن 1000دىن كۆپرەك ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىش ئورنى ھازىرلاپ بەردى، ئايتۇراخاننىڭ ئارزۇسىمۇ ئىشقا ئاشتى.

ھازىر، ئايتۇراخان ئۈرۈمچىدىكى يېڭى تۇرمۇشنى باشلىدى. «كەنت بىز ئۈچۈن ئەتراپلىق ئويلاپ، ئائىلىمىزنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىپ، بىزنى خاتىرجەم ئىشلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. بۇ يەردە مەن مەركىزىي شەھەرنىڭ ئاۋاتلىقىنى، يەنە كىشىنىڭ ھەۋىسى كەلگۈدەك ئۆزگىچە تۇرمۇشنى كۆردۈم» دېدى ئايتۇراخان.

قىيىنچىلىقى بار نامرات ئاھالىلەرنىڭ سىرتقا چىقىپ ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمنى كۆپەيتىشىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، كەنت يەنە مەخسۇس بىر تۈركۈم ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق ئىش ئورنى تەسىس قىلدى، نامراتلارنى يۆلەش سېخىمۇ داۋاملىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، 100دىن ئارتۇق كەنت ئاھالىسىنىڭ ئىشىك ئالدىدا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بەردى.

«بىر مو يەر، بىرقانچە قويغا باغلىنىپ ياشايدىغان تۇرمۇش ئەلتۆكۈس تارىخقا ئايلاندى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش، تېخىمۇ تېز تەرەققىي قىلىش ئۈستىدە ئىزدىنىش ئېڭى تېخىمۇ كۈچەيدى، كەنت بويىچە نامراتلىقنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى ئىككى يىلنىڭ ئالدىدىكى 29%تىن 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 3%تىن تۆۋەنرەككە چۈشتى.» يەن جيەنپىڭ مۇنداق دېدى: بىر مۇقىم خىزمەت كەنت ئاھالىلىرىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى. كەنت ئاھالىلىرىنى يېتەكلەپ بۇ باشلىنىش نۇقتىسىغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، پۈتۈن كەنت نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتا ئىشەنچ ۋە ئەمەلىي كۈچكە ئىگە بولدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان شەخسلەر ئىگىلىك تىكلەش كېپىللىك قەرز پۇلىغا قارىتا، قەرز ئالغۇچىلار شېرىكلىشىپ ئىگىلىك تىكلىگەن بولسا، شېرىكلىشىپ ئىگىلىك تىكلىگەنلەرنىڭ سانىغا ئاساسەن قەرز پۇل سوممىسىنى مۇۋاپىق ئۆستۈرۈشكە بولىدىكەن، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان شەخسلەر قەرز پۇل ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 10%دىن ئاشمايدىكەن.

ئىگىلىك تىكلەش كېپىللىك قەرز پۇلى ئىلتىماس قىلىش بوسۇغىسىمۇ تۆۋەنلىتىلگەن. كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ شۇ يىلى يېڭىدىن قوبۇل قىلغان شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان خادىملىرىنىڭ ئەسلىدە بار بولغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 20%تىن 15%كە چۈشۈرۈلگەن، 100 ئادەمدىن ئاشىدىغان كارخانىلارنىڭ 8%كە تۆۋەنلىتىلگەن.

بۇنىڭدىن باشقا، يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز يەنە ئىگىلىك تىكلەش كېپىللىك قەرز پۇلى بىلەن قاپلىنىدىغان كىشىلەر توپىنى كېڭەيتتى، 2020 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىن بۇرۇن يېڭىدىن تارقىتىلىدىغان قەرز پۇل تۆۋەندىكى كىشىلەر توپىنى قوللاش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلىدىكەن: يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە بىرقەدەر چوڭ ئۇچرىغان توپ، پارچە سېتىش، ياتاق، يېمەك ـ ئىچمەك، ئەشيا ئوبوروتى، ترانسپورت، مەدەنىيەت ساياھەت قاتارلىق ساھەلەردىكى كىرىم مەنبەسىدىن ۋاقىتىنچە ئايرىلغان يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر؛ قەرز ئېلىپ ئاپتوموبىل سېتىۋېلىپ مەخسۇس ئىجارىگە بېرىش تىجارىتىگە ئىشلەتكەن شەخسلەر؛ قەرز ئېلىپ ئاپتوموبىل سېتىۋېلىپ تور تاكسى چاقىرىش سۇپىسىغا كىرگەن مەخسۇس ۋەزىپىدىكى شوپۇرلار؛ شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان تاكسى، توردا تاكسى چاقىرىش كارخانىسى ياكى ئۇنىڭ بالا شىركىتى؛ ئىگىلىك تىكلەش كېپىللىك قەرز پۇل ئۆسۈم ياردىمى سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولغان ھەم قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇرۇپ بولغان شەخسلەردىن يۇقۇم مەزگىلىدە تىجارەتتە قىيىنچىلىققا ئۇچرىغانلىرى ئىگىلىك تىكلەش كېپىللىك قەرز پۇلىنى يەنە بىر قېتىم ئىلتىماس قىلسا بولىدىكەن.

تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىپى ئاددىيلاشتۇرۇلۇپ، «بىر بېكەت شەكلىدىكى» مۇلازىمەت يولغا قويۇلۇپ، ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرى، كېپىللىك ئاپپاراتلىرى، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ كۆپ قېتىم تەكشۈرۈپ تەستىقلىشى بىرلەشتۈرۈلۈپ، شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىگىلىك تىكلىگەن شەخسلەر ۋە كارخانىلار ئىمكانقەدەر تېز بۇ سىياسەتتىن بەھرىمەن قىلدۇرۇلىدىكەن.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

سېلىنمىنى تاماملاش نىسبىتى يەنىمۇ ئۆستۈرۈلۈپ، تۈر قۇرۇلۇش سۈرئىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئىلگىرىكى يىللاردىكى نورمال سەۋىيەدە ئەسلىگە كەلگەن. نېفىت، تەبىئىي گاز، ئوت ئېلېكتر، سەھىيە، تەنتەربىيە، يېڭىدىن گۈللەنگەن كەسىپلەر، مەدەنىيەت، ساياھەت، سۇ ئېلېكتر قاتارلىق توققۇز ساھەدىكى نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئىلگىرىلىشى بىرقەدەر تېز بولغان.

يېڭىدىن ئىش باشلانغان 80 تۈردە ئىش باشلاش ئالدىن بېكىتىلگەن پىلاندىكىدىن ياخشى بولغان. تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت، تەبىئىي بايلىق، سۇچىلىق، ئورمانچىلىق ـ ئوتلاق، تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى قاتارلىق ئالتە تارماق ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق تۈرلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئالدىنقى قاتارلىق خىزمىتى بىرلەشمە يىغىنى تۈزۈمى ئورنىتىش ئارقىلىق، يېقىنقى مەزگىلدە جەمئىي 64 مۇھىم تۈرنىڭ ئالدىنقى قاتارلىق خىزمىتىدىكى بوغۇق نۇقتا مەسىلىلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىپ، نۇقتىلىق تۈرلەردە يېڭىدىن ئىش باشلاش، قۇرۇلۇش قىلىشنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرگەن.

ئاپتونوم رايون مەركىزىنىڭ يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە تاقابىل تۇرۇش، تۈر قۇرۇلۇشىنى قوللاش، ئۈنۈملۈك سېلىنمىنى كېڭەيتىشتىكى تۈرلۈك مۇھىم تەدبىرلىرىنى چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇدۇللاشتۇرۇپ، مەبلەغ مەدىتىنى پائال قولغا كەلتۈرگەن. ھازىر، مەركەز خامچوتى ئىچىدە 23 مىليارد 300 مىليون يۈەن سېلىنما ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن، يەرلىك ھۆكۈمەت مەخسۇس تۈر زايومىدىن 51 مىليارد 600 مىليون يۈەن قولغا كەلتۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەسلىھەت بېرىش ئاپپاراتلىرىنىڭ بىرلەشمە جەڭ قىلىش كۆلەم ئەۋزەللىكى جارى قىلدۇرۇلۇپ، تۈر سۈپىتى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلگەن. ئاپتونوم رايون 300 مىليارد يۈەن سېلىنمىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئېشىشنى مۇقىملاشتۇرۇش مەخسۇس تۈر قەرز پۇلى تەسىس قىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۈر مەبلىغى كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتكەن.

ئىگىلىنىشىچە، بۇ يىل، ئاپتونوم رايون جەمئىي ئورۇنلاشتۇرغان نۇقتىلىق تۈر 390، ئومۇمىي سېلىنما 1 تىرىليون 678 مىليارد 800 مىليون يۈەن بولۇپ، 260 مىليارد يۈەندىن ئارتۇق سېلىنمىنى تاماملاش پىلانلانغان. بۇنىڭ ئىچىدە، داۋاملاشما قۇرۇلۇش تۈرى 190، ئومۇمىي سېلىنما 792 مىليارد 400 مىليون يۈەن بولۇپ، 2020 ـ يىلى 221 مىليارد 600 مىليون يۈەن سېلىنمىنى تاماملاش پىلانلانغان؛ يېڭىدىن ئىش باشلانغان تۈر 80، ئومۇمىي سېلىنما 134 مىليارد يۈەن بولۇپ، 2020 ـ يىلى 38 مىليارد 800 مىليون يۈەن سېلىنمىنى تاماملاش پىلانلانغان، زاپاس تۈر 120 بولۇپ، ئومۇمىي سېلىنما 752 مىليارد 400 مىليون يۈەن مۆلچەرلەنگەن.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بىر پارچە ئېتىزنىڭ ئاز دېگەندە ئىككى ئۈلۈش پايدا ئېلىپ كېلىدىغانلىقىدىن، بىر ئۈلۈشنىڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئۆزىدىن كېلىدىغانلىقىدىن، يەنە بىر ئۈلۈشنىڭ ساياھەتچىلەرنىڭ ئېتىز مەنزىرە رايونىدىكى قونالغۇدا قونۇشى، غىزالىنىشى قاتارلىق ئىستېمالدىن كېلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ تەدبىر «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىدىكى كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ بىرنەچچە يىلدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نۇرغۇن جاي «ئېتىز بېشى ساياھىتى»نى كۈچلۈك قويۇپ تەرەققىي قىلدۇرماقتا. چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ ناداچى نىرۇ يېزىسى ئېتىزلىقنى رەسىم سىزىش رەختى، مايسىلارنى رەڭلىك قەلەم قىلىپ، شالىلىقتا سىزىپ چىققان شەكلى ھەر خىل رەسىملەر ئىنتايىن ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدۇ؛ گۇچۇڭ ناھىيەسىدىكى جامبۇلاق مەنزىرە رايونى 10 مىڭ مولۇق بۇغدايلىق بەرپا قىلغان بولۇپ، بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن، دولقۇنلىنىپ تۇرغان بۇغدايلار كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدۇ. ھازىر بۇ ئىككى جايدىكى مەنزىرىنىڭ خېلىلا نامى چىققان بولۇپ، ھەر يىلى نۇرغۇن ساياھەتچىنى بۇ يەرگە كېلىپ تاماشا قىلىشقا جەلپ قىلىدۇ. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، «ئېتىز بېشى ساياھىتى»نى تەرەققىي قىلدۇرۇش «شىنجاڭ ياخشى جاي» دېگەن سۈپەتلىك ماركىنىڭ شۆھرىتىنى ئۆستۈرۈش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم يول بولۇپ قالدى.

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك چوڭ رايونى، ھەم قۇرغاق يەر، ھەم سۇلۇق ئېتىز بار، ھەم ئاشلىق تېرىشقا باب كېلىدىغان، ھەم ئورمان بەرپا قىلىشقا باب كېلىدىغان بولۇپ، «ئېتىز بېشى ساياھىتى»نى تەرەققىي قىلدۇرۇش زور ئىستىقبالغا ئىگە. ئېتىزلارنى مەنزىرىلىك جايغا ئايلاندۇرۇش داۋامىدا كۆپرەك ئىش قىلغاندا، ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتى ئېنېرگىيەسى تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ.

**(«سۆز ھەممىگە» ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى:** xjrbplb@126.com)

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تىجارەت ساھەسىدىن قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنىڭ تىجارەت ساھەسىدە ئاشلىق، پاختا، باغ، گۆش، تۇخۇم، سۈت، مېۋە ـ چېۋە، كۆكتات قاتارلىق ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشتىن، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، ئۆسۈملۈك ئاسراش، ئەل ئىچى ھۈنەر ـ سەنئەت، ساياھەت، ئىستىراھەت يېزا ئىگىلىكى، ئېلېكترونلۇق سودا قاتارلىق كۆپ ساھە، كۆپ خىل كەسىپ ھالىتىگە قاراپ كېڭىيىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەن. ئەنئەنىۋى كەسىپلەردىن باشقا، پىششىقلاش ئەمەلىي گەۋدىسى قۇرغان، ئېلېكترونلۇق سودىنى قانات يايدۇرغان، ئىستىراھەت ساياھىتى ۋە ئەل ئىچى ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىنى ياساش بىلەن شۇغۇللانغان ھەمكارلىق كوپېراتىپى 949غا كۆپىيىپ، دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى يېزىلارنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە قاراپ كېڭىيىۋېتىپتۇ.

مۇلازىمەت شەكلىدىن قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت ئىقتىدارى يەنىمۇ كېڭەيگەن. ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش، سېتىش بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن مۇلازىمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھەمكارلىق كوپېراتىپى 7978گە، ئىشلەپچىقىرىش مۇلازىمىتىنى ئاساس قىلغانلىرى 4263كە، ئامباردا ساقلاش ھەم توشۇش ـ سېتىشنى ئاساس قىلغانلىرى 1050كە، پىششىقلاش مۇلازىمىتىنى ئاساس قىلغانلىرى 1512گە يەتكەن.

تەرەققىيات شەكلىدىن قارىغاندا، ھازىر پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى بىرلەشمىسى تەرەققىي قىلىپ 185كە يەتكەن، تەرەققىيات يۈزلىنىشى «يالغۇز ئېلىشىش»تىن «بىرلىشىپ تەرەققىي قىلىش»قا ئۆزگەرگەن. 2019 ـ يىلى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى ئىشقا ئاشۇرغان تىجارەت كىرىمى 4 مىليارد 750 مىليون يۈەنگە، يۇقىرىغا تاپشۇرغان باج ئومۇمىي سوممىسى 71 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە، ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنىڭ پايدا ئومۇمىي سوممىسى 830 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مۇھىم ۋاستىسىغا ئايلانغان.

«دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنىڭ يۇقىرىدا باشلامچى كارخانىلار بىلەن، تۆۋەندە ئادەتتىكى دېھقان ئائىلىلىرى ۋە ئائىلىۋى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى بىلەن بىرلىشىشى ئىستېرېئولۇق، بىرىكمە تىپلىق زامانىۋى يېزا ئىگىلىك تىجارەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشنىڭ تەشكىلىي ئاساسى بولۇپ، زامانىۋى يېزا ئىگىلىك تىجارەت سىستېمىسىدىكى مۇستەھكەم رىشتە، مۇۋاپىق كۆلەملىك ئىگىلىكنى ئالغا سىلجىتىشتىكى ئۈنۈملۈك ۋاستە، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى مۇھىم كۈچ ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىشقا تۈرتكە بولۇشتىكى مۇقىم يولغا ئايلاندى.» ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا نازارىتى يېزا ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە يېتەكچىلىك مەركىزىنىڭ مۇدىرى شيەن ۋېنشىن مۇنداق دېدى: «ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى مىسلىسىز چوڭقۇرلۇق ۋە كەڭلىكتە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش شەكلىدە تۈپ ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىشقا تۈرتكە بولماقتا».

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاخىرىدا لىنتۇاغا يەتكۈزۈلىدىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ماللار يەنە ئىسپانىيە، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە قاتارلىق 26 ياۋروپا دۆلىتىگە تارقىتىلىدىكەن.

بۇ قېتىملىق جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ پۈتۈن مۇساپىلىك توشۇش ئارىلىقى 10 مىڭ 779 كىلومېتىر بولۇپ، ھازىر دۆلىتىمىزنىڭ توشۇش ئارىلىقى ئەڭ ئۇزۇن پوچتا پوسۇلكىسى مەخسۇس پويىزى ھېسابلىنىدىكەن.

يەرشارىۋى يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ يامرىشىنىڭ تەسىرىدە، نۇرغۇن دۆلەت خەلقئارا نۆۋەتچى ئايروپىلانلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئېكسپورتقا بەلگىلىك تەسىر پەيدا قىلغان. «گۇاڭدۇڭ ـ شىنجاڭ ـ ياۋروپا» جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى پوچتا مەخسۇس پويىزى راۋان توشۇش يېڭى يولىنى ئاچقان بولۇپ، يۇقۇم شارائىتىدىكى خەلقئارا ئەشيا ئوبوروتى يولىنىڭ توسالغۇغا ئۇچرىشى، خەلقئارا پوچتا يوللانمىلىرىنىڭ بېسىلىپ قېلىش مەسىلىسىنى يېنىكلەتكىلى بولىدىكەن.

يۇقۇم يۈز بەرگەندىن بۇيان، «چۇڭچىڭ ـ شىنجاڭ ـ ياۋروپا» «يىۋۇ ـ شىنجاڭ ـ ياۋروپا»دىن ئىبارەت ئىككى جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ «جۇڭگو پوچتىسى نامىلىق» لىنىيەسىدە جەمئىي يەتتە نۆۋەتچى پويىز قورغاس پورتىدىن ئارقا ـ ئارقىدىن چېگرادىن چىققان. ھازىر، قورغاس پورتى ئارقىلىق چېگرادىن كىرگەن ـ چىققان جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 11 قېتىم بولۇپ، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا بىر كۈندە 17 قېتىمغا يېتىدىكەن، ئاساسلىقى گىرىم بۇيۇملىرى، پۈتۈن ئاپتوموبىل، دورا ـ بۇيۇملىرى، ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى قاتارلىقلار ئىمپورت قىلىنىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، كىيىم ـ كېچەك، تۈرلۈك ماللار، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى قاتارلىق مەھسۇلاتلار ئۈزلۈكسىز چەت ئەللەرگە چىقىرىلىدىكەن.